# شى جىنپىڭ بىرمىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋشەن سۇجى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو - بىرما چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى ۋە ياڭگۇاڭ يېڭى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق ئىقتىساد كارىدورىنىڭ شىمال، شەرق، غەرب ئۈچ تەرەپ تىرەك بولىدىغان ئومۇمىي گەۋدە ئورۇنلاشتۇرمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ تاشيول، تۆمۈريول، ئېلېكتر تورى قاتارلىق ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش تۈرلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، كارىدورنى تۇتاشتۇرىدىغان رامكا تورىنى تېز شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

ئۈچىنچى، سودا سېلىنمىسىنى كېڭەيتىپ، يەرلىك ھەمكارلىقنى قوزغۇلاشتۇرۇش كېرەك. جۇڭگو بىرما بىلەن ئەمەلىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشتا باشتىن - ئاخىر توغرا ھەققانىيەت - مەنپەئەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپنىڭ جۇڭگوغا قارىتىلغان ئېكسپورتىنى كېڭەيتىشنى قارشى ئالىدۇ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ بىرمىغا مەبلەغ سېلىشنى ئاشۇرۇشنى قوللايدۇ، بىرما تەرەپ بىلەن پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ جۇڭگو - بىرما ئىقتىساد كارىدورىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يۈننەندىن بىرمىغا كىرىش رايون ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يۈننەن قاتارلىق جۇڭگونىڭ يەرلىك ئۆلكىلىرىنىڭ بىرما تەرەپ بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە جۇڭگو - بىرما مەدەنىيەت - ساياھەت يىلىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ ياشلارنى پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش جەريانىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ئىككى تەرەپ جۇڭگو - بىرما ئىقتىساد كارىدورى لىنىيەسى بويىدىكى خەلق تۇرمۇشى، خەۋپسىزلىك ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، بىرمىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئاساسىي قاتلام خەلق ئاممىسىنى بالدۇرراق ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

ئاۋشەن سۇجى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرما تەرەپ بىرما - جۇڭگو دوستلۇقىنى يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەيدۇ، جۇڭگونىڭ داۋاملىق ياخشى دوستى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، نەتىجىسى مول بولدى، بۇ، بىرما بىلەن جۇڭگونىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىرما تەرەپ بىرما - جۇڭگو ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، جىياۋ پىياۋ تورىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتناش، ئېنېرگىيە، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ئادىمىيەت، چېگرا، يەرلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. بىرما تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ، بىرما - جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

ئاۋشەن سۇجى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرما - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا قوللاش. ئۇزاقتىن بۇيان، جۇڭگو ئىككى تەرەپ ۋە خەلقئارا قاتالامدا بىرما تەرەپكە قارىتا قىممەتلىك چۈشىنىش ۋە قوللاشتا بولدى، بۇنى بىرما خەلقى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ. جۇڭگونىڭ قوللىشى شەخسىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلمىغان، بەلكى ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان، بۇ، بىرمىغا ئوخشاش بۇنداق كىچىك دۆلەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن قىممەتلىك. ھازىر، دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىق قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى، بەزى دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىۋاتىدۇ، لېكىن بىرما بۇنداق بېسىم ئىشلىتىش ۋە ئارىلىشىشنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ خەلقئارا سورۇنلاردا بىرما قاتارلىق ئوتتۇراھال، كىچىك دۆلەتلەر ئۈچۈن داۋاملىق ئادالەتنى ياقلاپ، بىرمىنىڭ ئىچكى تىنچلىق مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئات ئۇزۇن يولدا سىنىلار، ھەقىقىي دوست باشقا كۈن چۈشكەندە. جۇڭگو بىرما تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىگە ئەرزىيدىغان ياخشى دوستى. جۇڭگو بىلەن بىرما تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئورتاق تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىدە ئۈلگە تىكلەپلا قالماي، يەنە يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تارىخىي تۆھپە قوشتى. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى ئۆز ئالدىغا تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشتا ئىزچىل چىڭ تۇرىدۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىقتا چىڭ تۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تۈردە خەلقئارادا بىرما تەرەپ ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىپ، بىرما تەرەپنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپنىڭ ئىچكى تىنچلىق مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، مىللىي يارىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قوللايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بىرلىكتە كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەت نۇسخىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى، بۇ، سىياسىي، ئىقتىساد - سودا، سېلىنما، ئادىمىيەت، يەرلىك قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەگە چېتىلىدۇ.

شۇ كۈنى، جۇڭگو - بىرما ئىككى تەرەپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرما فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشمە باياناتى»نى ئېلان قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسىسىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە قانداق دولقۇن كۆتۈرۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىدا ھەممىسى زىچ ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزئارا قوللايدىغان توغرا يولغا ماڭدى. ئىككى تەرەپ چوقۇم قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان قېرىنداشلىق مېھرىنى ياخشى قوغداپ، ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسى ئىچىدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقتا بالدۇرراق نەتىجە ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشى كېرەك. جۇڭگو - بىرما مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىككى دۆلەتتىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ ماسلىشىپ كۈچەپ ھەمكارلىشىشىغا تايىنىش كېرەك، بۇ يەنە ئىككى ئارمىيەنىڭ ئالاقىسى، ھەمكارلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. باش سىلىك ۋە بىرما ھەربىي تەرەپنىڭ جۇڭگو ھەربىي تەرەپ بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككى تەرەپ ئورتاق تىرىشىپ، چېگرا رايونىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، چېگرا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن بىرما تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلغۇچى دۆلەتلەر. جۇڭگو باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىقتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىغان تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ داۋاملىق ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات مەنپەئەتىنى ياخشى قوغدىشى، بىزنىڭ ئورتاق ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئىتىمىزنى ياخشى قوغدىشى، خەلقئارا مۇناسىۋەت تۈپ مىزانىنى ياخشى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق خەلقئارادا بىرما تەرەپ ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىدۇ.

مىن ئاۋڭلەي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىم بىرمىغا قىلغان زىيارىتى ئالاھىدە ۋاقىتتا توغرا كەلدى، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، نەتىجىسى مول بولدى، بىرما - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى. تۈنۈگۈن رەئىس شى جىنپىڭ بىرما بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەم بىرما - جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى جاكارلىدى، بۇ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرما تەرەپ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بىرمىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەرگەن ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆرنەك قىلىپ، بىرما دۆلىتىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى سەممىي ئۈمىد قىلىدۇ. بىرما ئارمىيەسى بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، شياڭگاڭغا ئالاقىدار، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، چەت ئەللەر ئارىلاشماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ. مەن ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، بىرما بىلەن جۇڭگونىڭ قېرىنداشلىق مېھرى ۋە ئىككى ئارمىيە مۇناسىۋىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ۋە بىرما - جۇڭگو ئىقتىساد كارىدورىنى ئورتاق قۇرۇشنى پائال قوللاپ، بىرما - جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا پائال تۈرتكە بولىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەرقايسى ھالقىلاردا گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم - كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىزچىل ئەمەل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش كېرەك. تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىسلىسىز جاسارەت ۋە ئىرادە بىلەن پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ھوقۇق نازارەتچىلىكى تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك، ئىجادىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر قاتلاملىق تەسىر پەيدا قىلدى. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ سىياسىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىنى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى تىكلەش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك؛ ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى چەكلەش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي ئۈنۈم، ئىنتىزام - قانۇن ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ سىياسىي كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دائىملىق نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۆزىتىش بىلەن باشقا نازارەتچىلىكنى تۇتاشتۇرۇش، يۇغۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ خەلق مەركەز قىلىنغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈر بويىچە تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنىڭ روھىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئېسىل ئىستىل ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك؛ ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ قېلىپلىشىش، قانۇنچىللىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا) سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسى، ئاساسىي قانۇن ۋە رېۋىزىيە قانۇنلىرىدا يۈكلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى بايرىقى روشەن ھالدا قوللاش كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتكومغا ھەمكارلىشىپ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، نازارەت قىلىش بىرىنچى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلىپ، دەل جايىدا نازارەت قىلىپ، ئىجادىي نازارەت قىلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك ۋە دۆلەت مەمۇرىي تەپتىشلىكىنى يۇقىرى سۈپەتلىك، دائىملاشتۇرۇپ ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيەسىنى سىجىل بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ۋيېتنام تاغ - دەريالىرى تۇتاش، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن سوتسىيالىستىك قوشنا دۆلەت ھەم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەتنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان ۋە كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن ئەنئەنىۋى دوستلۇق چېچەكلەپ مېۋە بەردى ھەم «ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، قوشنا دۆلەتلەر ئىناق - دوستانە ئۆتۈش، ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىش» 16 خەتلىك فاڭجېنى ۋە «ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى يولداش، ياخشى ھەمراھ» روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇچقاندەك تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈردى. مەن يولداش رۇەن فۇجۇڭ بىلەن ئىككى قېتىم تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزئارا زىيارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە قوشنىدارچىلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە ئورتاق يېتەكچىلىك قىلدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلمەكتە، جۇڭگو - ۋيېتنام مۇناسىۋىتىمۇ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە قەدەم قويدى. مەن جۇڭگو - ۋيېتنام مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، يولداش رۇەن فۇجۇڭ بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو - ۋيېتنام مۇناسىۋىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش توغرا يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىككى دۆلەت ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئورتاق غايە - ئېتىقاد ۋە تارىخىي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگو - ۋيېتنامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

رۇەن فۇجۇڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ۋيېتنام بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ قول تۇتۇشۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ۋيېتنام - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىككى تەرەپنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. ۋيېتنام تەرەپ باشتىن - ئاخىر جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى دىپلوماتىيە سىياسىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكچىلىكىدە، ئىككى تەرەپنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭمۇ ۋيېتنام ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى رۇەن چۈنفۇ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: يېڭى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو تەرەپ ۋيېتنام تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، دېڭىز، قۇرۇقلۇق، پۇل مۇئامىلە ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيەنى تەڭ قوللىنىش ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرىغا ئاساسەن، «بىر بەلباغ، بىر يول» بىلەن «ئىككى كارىدور، بىر چەمبىرەك»نى ئۇدۇللاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش يېڭى ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتۈشنى خالايدۇ. رۇەن چۈنفۇ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەت يۇقىرى قاتلىمىنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل، ساغلام، مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇزىكا كېچىلىكىگە كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، شاد - خۇراملىققا تولغان مۇزىكىلاردىن «كۆك دونايى دەرياسى ۋالىسى» «رادىسكىي مارشى» قاتارلىق دۇنياۋى داڭلىق مۇزىكىلار كىرگۈزۈلۈپ ئورۇنلىنىپ، تاماشىبىنلارغا زاماندىن ھالقىغان، تۇيغۇدىن ھالقىغان كاتتا مەرىكىنى ھېس قىلدۇردى. «ئورۇنلانغانلىرىنىڭ ھەممىسى كلاسسىك مۇزىكىلار بولۇپ، ئورۇنلاش، ناخشا ئېيتىش سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن، بۇ ھەقىقەتەن بىر مەيدان مەدەنىيەت كاتتا مەرىكىسى بولدى» دېدى تاماشىبىن گو سەن مۇزىكا كېچىلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ.

شىنجاڭ كۆي سۆيەر ئوركېستىرىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شياۋلياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مۇزىكا كېچىلىكى جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بىلەن غەربنىڭ كلاسسىك سەنئىتىنى ئورگانىك يۇغۇرۇپ، تاماشىبىنلارنى يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۆزىدىن پەخىرلەنگەن، ئىللىقلىقتا، بەختتە تولغان ھالەتتە چاغان شادلىقىغا چۆمدۈرىدىكەن.

مۇزىكا كېچىلىكىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان. چاغاننىڭ ئالدى - كەينىدە، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكى، دىراما ئۆمىكى، سېرك ئۆمىكى، نەيلىك - تارلىق ئوركېستىرى، مىللىي ئوركېستىر ھەر مىللەت ئاممىغا ئون مەيدان قېتىم ئېسىل نومۇرلارنى تەقدىم قىلىدۇ، بۇ، مۇزىكىلىق تىياتىر «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»، دىراما «بىپىۋەنچۈن مەھەللىسىدىكى ھەممىمىز»، سېرك كېچىلىكى «قۇياش نۇرى ئاستىدىكى بىز» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.